سەئادەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# فېئوداللىق يەر تۈزۈمىنى بىكار قىلىش

1950 - يىلى 6 - ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىلگىرى يەر ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، يېڭى ئازاد رايونلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ قانۇن ئاساسىغا ئايلاندى.

يەر ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىكى يەر مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ سانائەتلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي لۇشيەنى كەمبەغەل دېھقانلارغا، يالانما دېھقانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇپ، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى باسقۇچلۇق، پەرقلىق ھالدا يوقىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ھەرقايسى ئازاد رايونلار مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ يەر ئىسلاھاتىنى تەشكىللىدى. يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەممىسى زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئازاد بولغان شەھەرلەردىن خېلى بىر تۈركۈم ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار مەركەزلىك تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، يەر ئىسلاھاتى قانۇن - پەرمانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەر ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يېزىلارغا چۈشۈپ يەر ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇردى. 1950 - يىلى قىش پەسلىدىن باشلاپ، بىر مەيدان مىسلىسىز كۆلەمدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى يېڭى ئازاد رايونلاردا رەھبەرلىك ئاساسدا قەدەم - باسقۇچلۇق، ئايرىم - ئايرىم قانات يايدۇرۇلدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ قىياپىتى تامامەن يېڭىلاندى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە تەيۋەن ئۆلكىسىدىن باشقا، كەڭ يېڭى ئازاد رايونلاردىكى يەر ئىسلاھاتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېرى يوق، يېرى ئاز 300 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان(كونا ئازاد رايونلاردىكى دېھقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)ھەقسىز ھالدا تەخمىنەن 700 مىليون مو يەر ۋە زور مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئېرىشتى، ئىلگىرى ھەر يىلى پومېشچىكلارغا تەخمىنەن 30 مىليون توننا ئاشلىق تاپشۇرىدىغان ئىنتايىن ئېغىر يەر ئىجارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

يەر ئىسلاھاتىنىڭ تاماملىنىشى بىلەن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى يوقىتىلدى، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ئاساسى تۈپتىن يوقىتىلىپ، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېزا ئىگىلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭگو خەلقىنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرەشىدىكى بىر تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

نەق مەيداندا 39 نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چېن چۈەنگو سۆزىدە 13 ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ تەخىرسىز، ئەڭ رېئال مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تەنتەنىلىك ۋەدىنى قەرەلىدە ئەمەلدە كۆرسىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، نىشان ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى زىچ چۆرىدەپ، 2020 - يىلى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كۆك نامراتلىقنى تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي گەۋدە بويىچە نامراتلىقنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تىنچ جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىشنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن پۇختا ئەلرايى ئاساسى سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «قايتا قاراپ چىقىش»نى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش؛ مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى كۈچەيتىپ ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى جايىدا تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «توققۇزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالتىنچىدىن، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى، ياردەم بېرىش - يۆلەش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش - تىزگىنلەش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. يەتتىنچىدىن، ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەربىيەلەش - يېتەكلەش، تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش، تىپلار ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، «مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردۇ»نى «مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن»گە ئۆزگەرتىش كېرەك. سەككىزىنچىدىن، ئىستىلنى ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش كېرەك. توققۇزىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى مەخسۇس باشقۇرىدىغان مەسئۇل يولداشلار مەخسۇس ۋەزىپە بويىچە مەخسۇس تۇتۇشى كېرەك؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش ئىگىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، مەخلۇك سىيىت، قادىربېك قامزا، ۋەن خېيچۈەن، مۇتەللىپ مەتتوختى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، نىڭبو شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جېجياڭ ۋە نىڭبو خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە نىڭبو شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە، چىن مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاشتا چىڭ تۇرۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ھەر تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، ھەر مىللەت خەلق قەلبىدىن مىننەتدار. شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىڭبونىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆرنەك قىلىپ، ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەۋزەللىكلەردە بىر - بىرىنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تېرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

جېڭ شەنجيې شىنجاڭنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق - مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىدا، شىنجاڭ ئىقتىسادى تېز راۋاجلاندى، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا باستى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىناق بولدى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىمەكتە، بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق جانلىق ۋەزىيەت.

جېڭ شەنجيې مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىرى، نىڭبونىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان سىياسىي مەسئۇلىيىتى. نىڭبونىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى 1997 - يىلدىن باشلانغان، بولۇپمۇ 2010 - يىلى كۇچاغا نىشانلىق ياردەم بەرگەندىن كېيىن، ئىككى جاينىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى كۆلەنسايىن قويۇقلىشىپ، بىر قاتار مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى - تەلىپى بويىچە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، كەسىپ ھەمكارلىقى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، كادىرلار - ئىختىساسلىقلار ياردىمىنى كۈچەيتىپ، ھەربىر تۈردە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پايال تۆھپە قوشىمىز. بولۇپمۇ مەۋقەنى شىنجاڭ بىلەن نىڭبونىڭ ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، بىر تۈركۈم ئۆزئارا تولۇقلاش تىپىدىكى ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ جېجياڭ، چاڭجياڭ دېلتىسى، ھەتتا چەت ئەل بازىرىنى ئېچىپ، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، نىڭبو شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى كۇچا ناھىيەسى، بىڭتۈەن 1 - شىسىنىڭ ئارال شەھىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ھال سورىدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار - ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن سارقىت ئاقان، ياۋ شىنمىن ۋە نىڭبو شەھىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلىرى يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# دىققەتنى نىشان، ئۆلچەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنىنى يېڭىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇمىي تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، دىققەتنى نىشان، ئۆلچەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

2012 - يىلدىن بۇيان، مەكىت ناھىيەسى مىليون مولۇق بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئېكولوگىيە ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى قوزغىتىپ يولغا قويۇپ، ھازىر توغراق، جىگدە، سۆكسۆك، پىندىق ياڭىقى قاتارلىق ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىسادىي ئورمىنىدىن جەمئىي 330 مىڭ مو بەرپا قىلدى. مىليون مولۇق بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئېكولوگىيە ئورمىنى بازىسىدا، شۆھرەت زاكىر ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنە ئورمان تېرىقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توقۇمىچىلىق شەھەرچىسىدە، شۆھرەت زاكىر كىيىم تىكىش شىركىتىنىڭ تىكىش، پىچىش سېخى ۋە تۇرمۇش رايونىدىكى ماگىزىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئىشچىلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى، ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى يارىتىپ، نامرات ئاممىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئىشەنچىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر يەنە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى يوقلىدى، ھال سورىدى. كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى ئۇستۇڭكى قاشئېرىق كەنتىدە، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىدە شۆھرەت زاكىر نامرات ئائىلە سالام رازاق، تۇرغۇن ياقۇپنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق تەدرىجىي نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، تېخنىكا - ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

شۆھرەت زاكىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قاتتىق ۋەزىپىنى قەتئىي ياخشى تاماملاش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت ماللىرى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا «غەربكە يول ئالدى»

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ نۆۋەتچى پويىز 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇنجى يولغا چىققان «خوتەن - قەشقەر - ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى» بىلەن قايتا گۇرۇپپىلانغان بولۇپ، نۆۋەتچى پويىز قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ، يەنجىلەردىن يول بويى يۈك يىغىپ، ئۈچ كۈندە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىگە يېتىپ كەلدى، بۇ ماللار باشقا ماللار بىلەن بىللە پويىزغا قاچىلانغاندىن كېيىن، ئالاتاۋ ئارقىلىق چېگرادىن چىقىپ، ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا چىقىرىلىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئېغىر نامرات رايون، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق يۆلىشىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن كارخانىلار يېتىشتۈرۈلدى، قۇرۇلدى، مەھسۇلاتلىرى رۇسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئۆزبېكىستان، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلدى.

ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ياۋروپا بازىرىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز بويىدىكى پورتلارغا توشۇلۇپ، دېڭىز ترانسپورتى ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى. قاغىلىق شىنيۈەن مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئۆرۈك مۇرابباسى ئىلگىرى دەل دېڭىز ترانسپورتى ئارقىلىق رۇسىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە قاتارلىق بازارلارغا توشۇلاتتى، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆرۈك مۇرابباسى تۇنجى قېتىم جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ چېگرادىن چىقتى. بۇ شىركەت بۇ قېتىم 12 كونتېينېر يۈكنى توشۇغان بولۇپ، توشۇلۇش ۋاقتى مۆلچەرلىنىشچە دېڭىز ترانسپورتىدىكىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسىم قىسقىرايدىكەن.

«جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى كارخانىلار ئۆمەكلىشىپ يۈك نۆۋەتچى پويىزىنى قاتنىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى مال مەنبەسىنىڭ ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە ئۈنۈملۈك يىغىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ كۆلىمى كەڭ، مال مەنبەسى تارقاق، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى بولۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ سىرتقى رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتتى.» شىنجاڭ شىنتيې خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى نەن جۇن مۇنداق دېدى: «خوتەن - قەشقەر - ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى» ھەر ھەپتىدە مۇقىم نۆۋەتچى پويىز بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر كۈنى ۋاگون قوشۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ دائىملاشتۇرۇپ توشۇيدۇ، ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنايدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى خې گوچىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى كونكرېت تەدبىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ «سىرتقا چىقىش»نى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا بازارلىرىنى ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت يولىنى راۋانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ھازىرغىچە ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى جەمئىي 2521 نۆۋەت جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى قاتناتقان، نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسىدىن 23نى ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى 18 دۆلەت، 26 شەھەرگە تۇتاشتۇرغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغىزبىياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)